يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش • ئاپتونوم رايوننىڭ قەرەللىك ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

ئۆلچەم، ئىسپات بېرىش ـ ئېتىراپ قىلىش، تەكشۈرۈش ـ تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتىن ئىبارەت ئۈچ بىر گەۋدىلەشتۈرۈلدۇ

# ئاپتونوم رايونىمىز «شىنجاڭ سۈپىتى» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شيانلىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاخبارات ئىشخانىسى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاچقان خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئۆلچەم ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، «شىنجاڭ سۈپىتى» قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق يولغا قويۇپ، «شىنجاڭ سۈپىتى»نى بەرپا قىلىپ، «شىنجاڭ» ناملىق داڭلىق ماركىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتىدىكەن.

ئىگىلىنىشىچە، 2017 - يىلى ئاپتونوم رايون «سۈپەت كۈچلۈك رايونى ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارار»نى چىقارغان، ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز «چوڭ سۈپەت» خىزمىتى مېخانىزمىنى تەدرىجىي ئورنىتىپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سۈپەت ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلەتكەن، پۈتكۈل جەمئىيەت يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشقا بارغانسېرى ئەھمىيەت بەرگەن، سۈپەت تەرەققىيات مۇھىتى يەنىمۇ ئەلالاشقان. بۇ يىل 9 - ئايدا، بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش باش ئىدارىسى ئېلان قىلغان 2019 - يىللىق ئۆلكە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ سۈپەت خىزمىتىنى باھالاش نەتىجىسىدە، شىنجاڭ تۇنجى قېتىم B دەرىجە بولۇپ باھالىنىپ بېكىتىلىپ، زور بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، «سۈپەت كۈچلۈك رايونى ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارار»دا بېكىتىلگەن «دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش» نىشانىنى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن تاماملىغان.

ئىگىلىنىشىچە، ئىچكىرى رايونلارنىڭ پايدىلىق تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونىمىز ئۆلچەم، ئىسپات بېرىش ـ ئېتىراپ قىلىش، تەكشۈرۈش ـ تەكشۈرۈپ ئۆلچەش قاتارلىق سۈپەت ئۇل ئەسلىھەلىرىنى يۇغۇرۇپ قوللىنىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۈچنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ «شىنجاڭ سۈپىتى» رايون ئاممىۋى سۈپەتلىك ماركىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ دەسلەپكى تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھازىر بۇ خىزمەت ۋاقتىنچە «شىنجاڭ سۈپىتى» قۇرۇلۇشى قىلىپ بېكىتىلىپ، «14 - بەش يىل»دا سۈپەت كۈچلۈك رايونى ئىستراتېگىيەسىنى يۇقىرى سەۋىيەدە ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىنىپ، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە تىرىشىش ئارقىلىق، رايون خاسلىقى روشەن، دۆلەت ئىچى - سىرتىدا نام چىقارغان «شىنجاڭ» ناملىق داڭلىق ماركىدىكى ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات، مۇنەۋۋەر كارخانا، ئەلا، سۈپەتلىك ماركىلارنى يېتىلدۈرۈپ، شەكىللەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ كەسىپلەرنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش پىلانلانغان.

# شىنجاڭ قەشقەردىكى ھازىر بار بولغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى، دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى نۆللەشتى

## كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 34 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئەڭ ئاخىرقى تۆت ئاغرىق مىسالى دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى، دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، بۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى يۇقۇمدىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان بارلىق ئاغرىق مىساللىرى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى. شۇ كۈنى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 34 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىدە 33، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا بىر.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىا باشلىقى ياڭ يىنىڭ مۇنداق دېدى: ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئەڭ ئاخىرقى تۆت ئاغرىق مىسالىنىڭ ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقىشىغا ئەگىشىپ، بىز بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان بارلىق ئاغرىق مىساللىرىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىنى يۇقىرى ئۈنۈمدە تاماملىدۇق. بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا، ئىلگىرىكى ئىلمىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەت مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈش، بىر خىللاشقان، قېلىپلاشقان داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېنىك تىپتىكى، ئادەتتىكى تىپتىكىلەرنىڭ ئېغىر تىپقا ۋە خەتەرلىك ئېغىر تىپقا ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، نەپەس باشقۇرۇش، ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، پسىخىكا جەھەتتىن يېتەكلەش قاتارلىقلارنى ماسلاشتۇرۇپ قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، ئاغرىقلارنى پۈتۈن مۇساپىلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ساقىيىش نىسبىتىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇردۇق.

بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 78، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 350.

قەشقەر ۋىلايىتىدە:

# شەھەر - يېزا مۇھىتىنىڭ رەتلىك، پاكىز بولۇشىغا ھەممە ئادەم قاتناشتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سائەت 11 دە، كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ توققۇزاق بازىرى ئاياغمەنگەن كەنتىدە، كەنت ئاھالىسى تىللاگۈل ھوشۇر باشقا ئون نەچچە كەنت ئاھالىسى بىلەن بىللە، كەنت يوللىرىنى ئەستايىدىل تازىلاۋاتاتتى، ئىككى دېزىنفېكسىيەلەش ئاپتوموبىلى پۈركۈپ دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈۋاتاتتى. «تازىلىقچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن كەنتنىڭ بارغانسېرى پاكىز بولغانلىقىنى كۆرۈپ چىن كۆڭلۈمدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن» دېدى تىللاگۈل.

ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىقىغا ھەممە ئادەم قاتنىشىدۇ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار. كوناشەھەر ناھىيەسىدە يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن، يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە يۇقۇملۇق كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش بىلىملىرىنى كەڭ ئومۇملاشتۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شەھەر - يېزىلارنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى ئوندۋېرسال تۈزەشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، مەدەنىي، ساغلام، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلدى.

مۇخبىر ئاياغمەنگەن كەنتىدە كەنت يوللىرىنىڭ رەتلىك، پاكىز ئىكەنلىكىنى، ھەر 100 مېتىردا بىردىن ئەخلەت ساندۇقىنىڭ بارلىقىنى كۆردى. «كەنتىمىزدە 12 ئەترەت بار، ھەربىر ئەترەتتە بىردىن كوچا قىزىل بايراق بار بولۇپ، ھويلا - ئارانلىرى رەتلىك، پاكىز بولغان كەنت ئاھالىلىرىگە بېرىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئاياغمەنگەن كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەل ئەھۋالىنى ئىگىلەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ليۇ خۇڭتاۋ.

ئاياغمەنگەن كەنتىدە 1000دىن ئارتۇق ئائىلىلىك ئاھالە بار ئىكەن. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، بۇ كەنت 50 نەچچە ئادەمدىن تەشكىللەنگەن كەسپىي دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش ئەترىتى قۇرغان بولۇپ، ئۇلار كەنتتىكى يوللار، ئەخلەت ساندۇقلىرى، ئاممىۋى رايونلارنى بىر كۈندە ئىككى قېتىم تازىلاپ، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرىدىكەن، قىرى، ئاجىز، ئاغرىق، مېيىپ قاتارلىق ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىغا ياردەم بېرىپ ھويلا - ئارانلىرىنى تازىلاپ بېرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەنت ئاھالىلىرىنى ئائىلىق ھالدا ئائىلە تازىلىقى قىلىشقا، ئىشىك - دېرىزە، ئوچاق بېشىنى پات - پات سۈرتۈپ تۇرۇشقا، ئۆي، ھويلا - ئارانلىرىنى دائىم سۈپۈرۈپ تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىدىكەن ھەم سېلىشتۇرۇپ باھالاشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەربىر ئەترەتتىن ھويلا - ئارانلىرى پاكىز، رەتلىك بولغان بىر ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىنى تاللاپ چىقىپ، كوچىمە قىزىل بايراق ھەمدە چىش چوتكىسى، ئەتىر سوپۇن، قاچا - قۇچا يۇيۇش سۇيۇقلۇقى قاتارلىق مۇكاپات بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ياخشى تازىلىق ئادىتى يېتىلدۈرۈشىگە ئىلھام بېرىدىكەن.

كەنت ئاھالىسى پاشا ماموتنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمىزدە، «ھويلا - ئاران مۇھىتى رەتلىك، پاكىز» دېگەن خەت يېزىلغان كوچىمە قىزىل بايراق ھويلىدىكى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان جايغا ئېسىلغانىدى، ئىشچان ئايال ئۆي ئىگىسى پاشا يەرگە سۇ چېچىۋاتاتتى، ئۆيدىكى سافا، تاماق ئۈستىلى قاتارلىقلار پاكىز سۈرتۈلگەنىدى. «ئۆي پاكىز بولسا، كەيپىياتىمۇ ياخشى بولىدىكەن» دېدى پاشا كۈلۈپ تۇرۇپ.

قەشقەر شەھىرى دۆڭخۇ كوچىسى شىجى داداۋ مەھەللىسى دۆڭچېك گۈللۈكى ئولتۇراق رايونىدا بىر نەچچە تازىلىقچى ئاممىۋى رايوندا دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈۋاتاتتى. بۇ مەھەللە پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئابدۇنەبىجان ئابدۇقادىرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ مەھەللە ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپتۇ، بىر تەرەپتىن، پىدائىيلار ئەترىتى تەشكىللەپ قۇرۇپ، ئولتۇراق رايوندىكى ئاممىۋى رايون، بىنالارنىڭ ئالدى - كەينى، چەت، بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنى كۆپ قېتىم تازىلاپ، ئولتۇراق رايون مۇھىتىنىڭ رەتلىك، پاكىز بولۇشىنى ساقلاپتۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ۋېيشىن توپى ئارقىلىق ئاھالىلەرگە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى يوللاپ، ئاھالىلەرنىڭ ئائىلە تازىلىقىنى ياخشى قىلىشنى تەشەببۇس قىپتۇ.

قەشقەر شەھىرى خەلق غەربىي يولىغا جايلاشقان يىجيا تاللا بازىرى بىر چوڭ تىپتىكى ئوندېۋرسال تاللا بازىرى بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 16 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىكەن. دۇكان باشلىقى چىن شيانىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، بۇ تاللا بازىرىدا ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە تازىلىق قىلىنىپ، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىۋېتىپتۇ. يەر يۈزى، مال جازىلىرى پاكىز بولغاندىن باشقا، كىشىلەر بىر قەدەر كۆپ ئۇچرىشىدىغان پوكەي، پۇل ئېلىش پوكىيى كۇنۇپكا تاختىسى، رىشاتكا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەلەپ بويىچە بەلگىلىك نىسبەتتە تەڭشەلگەن دېزىنفېكسىيەلەش سۇيۇقلۇقى بىلەن سۈرتۈلۈپ، مال سېتىۋېلىش مۇھىتىنىڭ پاكىز بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىپتۇ.

قەشقەر شەھەرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لى يادۇڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: قەشقەر شەھىرى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى (سودا بازار)لىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تىجارەت، مۇلازىمەت سورۇنلىرىنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى ۋە ئۈزۈل - كېسىل تازىلاپ دېزىنفېكسىيەلىدى؛ مەھەللىنى بىرلىك قىلىپ، ئورۇن ۋە ئولتۇراق رايونلىرىنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلىدى، بولۇپمۇ ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى، ئولتۇراق رايونلارنىڭ دەرۋازىسى ئىشىكى، لىفت، ئىشىك تۇتقۇچى قاتارلىق كىشىلەر كۆپ ئۇچرىشىدىغان جىسىملارنىڭ يۈزىنى پاكىز تازىلاپ دېزىنفېكسىيەلىدى؛ كەنتنى بىرلىك قىلىپ، ئاممىنى ئۆيىنىڭ ئالدى - كەينى، ھويلا - ئارانلارنىڭ ئىچى - سىرتىنى، ئېرىق - ئۆستەڭ، ئورمان بەلبېغىدىكى تۇرمۇش ئەخلەتلىرى قاتارلىق تاشلاندۇقلارنى مەركەزلىك تازىلاشقا تەشكىللەپ، تازىلىقتىكى قاراڭغۇ بۇلۇڭلارنى تازىلىدى.

«بىز ئىشنى تازىلىق قىلىش، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاش، يېمەك - ئىچمەك ئادىتى، دېزىنفېكسىيەلەش، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش قاتارلىق كۆپ تەرەپتىن باشلاپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، مەدەنىي، ساغلام، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئاممىنىڭ ساغلاملىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، پاكىز، رەتلىك، ئولتۇراقلىششقا باب كېلىدىغان شەھەر - يېزا مۇھىتى بەرپا قىلىمىز» دېدى لى يادۇڭ.

(بېشى 1 - بەتتە)

دىنىي زاتلارنىڭ تۇرمۇش ياردەم تولۇقلىمىسى ئۆلچىمىنى ئۆستۈردى، كەڭ دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىگە چىن كۆڭلىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى. كۆپچىلىك يەنە دىن خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دىن ساھەسىدىكى كەڭ زاتلار ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش ئېسىل ئەنئەنىسىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ دىن ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دىن خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىن ساھەسىدىكى كەڭ زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى پۇختا ئىگىلەپ، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، ئەسەبىيلىكنى توسۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش كېرەك. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمىتىنى سىجىل ياخشىلاپ، ھەقىقىي تۈردە ئۇل ئەسلىھە، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەتلەر بىلەن دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى، دىنىي خادىملارنى قاپلىتىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش كېرەك. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش، قوغداش، ئۇلارغا كۆيۈنۈشنى كۈچەيتىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمى ۋە قوغداش، كۆيۈنۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بىلەن تونۇشۇش ۋە دوستلىشىپ، كۆپ ئۇچرىشىپ، كۆپ سىرداشلىشىپ، كۆپ ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرى ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا چىن قەلبىدىن ياردەم بېرىش كېرەك. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، دىنىي زاتلارنىڭ سىياسىي ساپاسى، قانۇن ئېڭى، دىنىي جەھەتتىكى سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك، دىنىي جەھەتتە بىلىملىك، ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتە ئاممىنى قايىل قىلالايدىغان، ئاچقۇچلۇق پەيتتە رول ئوينىيالايدىغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك، دىن ساھەسىدىكى كەڭ زاتلار ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش ئېسىل ئەنئەنىسىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، دىنىي قائىدە، دىنىي ئەقىدىلەرنى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات - ئىلگىرىلەش تەلىپىگە ئۇيغۇن، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇن ھالدا شەرھلەپ، دىنلارنىڭ ئېجىل - ئىناقلىقى، ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك ئىشلار ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلىشى كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

لى پېڭشىن لېكسىيە دوكلاتىدا دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، پايدىلىق شارائىت ۋە مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تونۇش، 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان ۋە «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى، مۇھىم نىشانى، نۇقتىلىق ۋەزىپىلىرىنى چوڭقۇر تونۇش، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى مائارىپ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەرنى نۇقتىلىق چۆرىدەپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى سىستېمىلىق شەرھلىدى ۋە چوڭقۇر چۈشەندۈردى.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىش ئالدىدا تۇرغان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتقان پەيتتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك، تارىخىي خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئومۇمىي يىغىندا قىلغان مۇھىم سۆزىدە يۆنىلىش خاراكتېرلىك، تۈپ خاراكتېرلىك، ئىستراتېگىيە خاراكتېرلىك بىر يۈرۈش مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە ئىلمىي جاۋاب بېرىپ، نۇرغۇن يېڭى ئىدىيە، يېڭى قاراش، يېڭى ھۆكۈم، يېڭى تەلەپلەرنى ئىجادىي ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئىلمىي كۆرسەتمە ۋە تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. بىز تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تونۇپ، تەرەققىيات مۇھىتىدىكى چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى چوڭقۇر تونۇپ، پۇرسەت ئېڭى، خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلىشىمىز، قەدەمنى ياخشى ئېلىشىمىز كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق، جانلىق ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قويۇق كەيپىياتى يارىتىپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قىزغىن دولقۇنى قوزغاپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىشىشى، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا كەڭ تارقىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىكىلەر ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دىققەتنى يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تەتقىق قىلىپ پىلانلاپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە يەنىمۇ چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، مەكتەپ، ئائىلە، جەمئىيەت ماسلىشىپ ئادەم تەربىيەلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مائارىپ ئادىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇمىي خەلققە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى تىرىشىپ ياخشى باشقۇرۇپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن مائارىپ سىستېمىسىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۇن خۇڭمېي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.